## 113725 ـ كىرپىككە سۇ تېگىشنى چەكلەيدىغان لاك ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئىشلىتىش توغرىسىدا

### سوئال

بىز ئاياللار بىر مەسىلىنى تەپسىلى بىلىشكە قىزىقىۋاتىمىز، ئاياللار كىرپىككە لاك ئىشلەتسە تىخىمۇ گۈزەللىشىدۇ، قويۇق كىرپىكتەك كۆرۈنىدۇ، بۇ لاكنىڭ بەزىلىرى سۇنى ئۆتكۈزىدۇ، بەزىلىرى سۇ ئۆتكەزمەيدۇ، بىزنىڭ بىلىشىمىزچە تاھارەت ئالغاندا كىرپىككە چوقۇم سۇ تىگىشى كېرەك، كىرپىككە لاك سۈركىگەندە ئالغان تاھارەت قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

ئىنسان تاھارەت ئالغاندا  ۋە يۇيۇنغاندا كۆزنىڭ كىرپىكى ۋە قاپىقىغا چوقۇم سۇ تىگىشى كېرەك بولىدۇ، چۈنكى بۇ جايلارمۇ يۇيۇشقا بۇيرۇلغان يۈزنىڭ دائىرىسىغا كىرىدۇ، شۇنىڭدەك قاشنىڭ تۈكلىرى، مەڭزىنىڭ تۈكلىرى، بۇرۇتى، ساقىلى ھەممىسى يۇيۇش دائىرىسىگە كىرىدۇ.

"رەۋزەتۇل مۇربىئ"7-بەتتە مۇنداق كەلگەن: يۈزدىكى شالاڭ تۈكلەر، كۆزنىڭ قاپىقى، بۇرۇت، ئىڭەكنىڭ ئاستىدىكى تۈكلەرمۇ يۇيۇلىدۇ، چۈنكى ئۇلارمۇ يۈزنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ". ["ئەل مەجمۇئ" 1-توم 376-بەت. "مەۋاھىبۇل جەلىيل" 1-توم 185-بەت].

شۇنىڭغا ئاساسەن: ئەگەر ئىشلىتىلگەن لاك كىرپىككە سۇ يىتىشنى توسمايدىغان بولسا، ئالغان تاھارىتى توغرا بولىدۇ، ئەگەر سۇنىڭ يېتىشىنى توسىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا تاھارەت ئېلىشتىن ياكى يۇيۇنۇشتىن بۇرۇن  ئۇنى چىقىرىۋېتىش كېرەك، چۈنكى تاھارەت بىلەن يۇيۇنۇشنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىن يۇيۇلىدىغان ئەزاغا سۇ يىتىشنى توسىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشدۇر.

ئىمام نەۋەۋىي "ئەلمەجمۇئ" 1-توم 492-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئىنساننىڭ بەزى ئەزالىرىدا شام ياكى خېمىر ياكى خىنىگە ئوخشاش يۇيىدىغان ئەزاغا سۇ يىتىشنى چەكلەپ قويىدىغان نەرسىلەر بولسا، ئۇ نەرسە ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ئۇنى ئېلىۋەتمىگۈچە ئالغان تەرەت توغرا بولمايدۇ".

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.